# ئۇيغۇر سوتى - پاكىتلىق گۇۋاھچىنىڭ باياناتى
# UTFW2-012 - ئەرباقىت ئوتارباي

## ئاساسى مەزمۇنى

ئەرباقىت ئوتارباي ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن 2014-يىلى قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ پاسپورتى 2017-يىلى مايدا دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەندە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان. دائىرىلەر ئۇنىڭ پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغاندا ، ئۇ كۆكتوقايدىكى تۆمۈر كېنىگە خىزمەتكە چۈشكەن. 2017-يىلى 7-ئايدا ئۇ قولغا ئېلىنغان ، سوراق قىلىنغان ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ ئىسلامغا ئائىت قانۇنسىز سىنلارنى كۆرگەن ۋە تېلېفونىغا ۋاتسئاپكە ئوخشاش قانۇنسىز ماتېرىياللارنى قاچىلاش بىلەن ئەيىپلەنگەن.

تۇتۇپ تۇرۇلغاندا، گۇۋاھچى يېمەكلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان ۋە تاياق يېگەن. ئۇ تۈرمە بىلەن "تەربىيەلەش" لاگېرلىرى ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم يۆتكىلىپ، دەرسكە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن، ئەرباقىت ئوتارباي كىيىم-كېچەك زاۋۇتىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. گەرچە ئاخىرىدا ئۇ قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، 2019-يىلى مايدا قازاقىستانغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغانغا قەدەر يېقىندىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان.

# گۇۋاھچىنىڭ باياناتى

## ئەرباقىت ئوتارباي

1. مېنىڭ ئىسمىم ئەرباقىت، فامىلەم ئوتارباي، 1973- يىلى ئالتاي ۋىلايەت قابا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېفىت ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. 2009- يىلى قازاقىستانغا كەلگەن. قازاقىستان ئاقتوپەدە خىتاي مەبلەغ سالغان نېفىتلىكتە خىزمەت قىلغان. 2014- يىلى ئائىلەم بىلەن قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن.

2. 2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دادام كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن خىتايغا كۆرۈشۈشكە بارغان ۋاقتىمدا خىتاي چېگرىسىدا پاسسپورتىمنى ئېلىۋالدى. دادامنىڭ ئوپېراتسىيىسى تۈگىگەندىن كېيىن پاسپورتىمنى سورىسام قايتۇرۇپ بەرمىدى. ئۇ چاغدا ئايالىم بالىلىرىم بۇ ياقتا قازاقىستاندا بولغاچ، بىكار تۇرماي ئازراق ئىشلەپ پۇل تاپاي دەپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە تۆمۈر كاندا ئىشلىدىم. 2017- يىلى 7- ئاينىڭ 16-كۈنى ساقچى ئىدارىسىدىن ئەتىگەن سائەت 9:00 دە تېلېفۇن كەلدى. ئۇلار دەيدۇ: "سىز بىزنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى نوپۇسىڭىزنى ئۆچۈرمەپسىز. سىز قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتكەن ئىكەنسىز، بۈگۈندىن قالماي چوقۇم نوپۇسىڭىزنى ئۆچۈرشىڭىز كېرەك." مەن ئۇلارغا كيىن بارماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېيىن بېرىشنى ئويلىدىم، چۈنكى مەن بىر قانۇنسىز ئىش قىلمىغان بولغاندىكىن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمىدىم. 2017- يىلى 7- ئاينىڭ 17-كۈنى ئەتىگەندە يەنە تېلېفۇن كەلدى. ئۇلار (ساقچىلار) ئۆزىنىڭ كۆكتوقايغا كەلگەنلىكىنى ۋە مېنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمنى سورىدى. مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدىغانلىقىنى ۋە مېنىڭ ساقلاپ تۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى ۋە 7 سائەتلەردىن كېيىن 2 ئادەم كەلدى. ئۇلار تارباغاتاي جىنايى ئىشلار ساقچى پونكىتىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئالىم دېگەن ئۇيغۇر يەنە بىرى خىتاي ساقچى ئىكەن. خىتاي ساقچىنىڭ فامىلىسى ۋاڭ ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ نوپۇس ئۆچۈرۈشۈم ئۈچۈن ياردەمگە كەلگەنلىكىنى، مېنى بىللە ئېلىپ كېتىپ، بۇ ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىشىمنى ئېيتتى. مەن شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشىلەر بىلەن بىللە تارباغاتايغا ئېلىپ كېتىلدىم.

3. تارباغاتاي خېلى يىراق بولۇپ 600-700 چاقىرىم كېلەتتى. تارباغاتايغا يېقىن كېلىدىغان تېچاڭگو دېگەن يەردە يېرىم سائەت دەم ئالدۇق. مەن كېيىم ئالماشتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئالىم ئىسىملىك ساقچى تەلىپىمگە قوشۇلدى. مۇنچىغا چۈشۈپ پاكىز كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ يەنە يولنى داۋام قىلدۇق. تارباغاتايغا كەلگەندە 7-ئاينىڭ 17-كۈنى بولۇپ، كىچە سائەت 12 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

4. جىنايى ئىشلار ساقچىخانىسىغا كەلگەندىن كېيىن 2- قەۋەتتە، ئىچىدە بىر قارا ئەينەك دەرىزە بار لېكىن سىرتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. مەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن 3 خىتاي ساقچى ۋە يەنە بىر سىن ئالغۇغا ئالىدىغان كىشى كىردى. ئۇلار مېنى بىر تۆمۈر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. بىرىنچى سوئال مېنىڭ قاچان نېمە سەۋەب بىلەن قازاقىستانغا كۆچكەنلىكىمنى سورىدى. مەن 2014- يىلى ئائىلەم بىلەن قازاقىستانغا كۆچكەن ۋە ئۆزەم بىر قازاق بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ ئارزۇسى بىلەن شۇ ياققا كۆچكەنلىگىمنى دېدىم. باشقا سەۋەپ يوقمۇ دېدى. مەن يوق دېدىم. سىز ناماز ئوقۇمسىز دەپ سورىدى. مەن ئوقۇمايمەن دەپ جاۋاپ بەردىم. مەن ئىشىم ئالدىراش بولغاچ ناماز ئوقۇشقا ۋاقتىم يوق ۋە ئۆزەم ئۇنىڭغا تەييار ئەمەس دەپ جاۋاپ بەردىم. قازاقىستانغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىم ۋە قانداق ئادەملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىگىمنى سورىدى. مەن خوشنىلىرىم بىلەن

كۆرىشىدىغانلىقىمنى دىسەم، خىتايدىن كۆچۈپ بارغانلار بارمۇ دەپ سورىدى. مەن بار دىدىم ھەم بىر يەردە تۇرىدىغانلىقىمىزنى ھەممە ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىمىزنى دىدىم. قازاقىستانغا نەچچە قېتىم بارغانلىقىمنى سورىدى. نەچچە قېتىم بارغىنىم ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پاسپورتتا يېزىلغانلىقنى، شۇڭا ئۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشىنى ئېيتتىم. قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتكە باردىڭىزمۇ دەپ سورىدى. بارمىدىم دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تېلىفۇنىڭىزدە ۋاتسئاپ باركەن دەپ سورىدى. بىز قازاقىستاندا دوستلار ئارا ۋاتسئاپ بىلەن ئالاقە قىلىمىز دىدىم. سىلەر نىمىشقا ئۇندىدارنى ئىشلەتمەيسىلەر دەپ سورىدى. قازاقىستاندا ئۇندىدار ئىشلەيمەيدىغانلىقنى، ھەممە ئادەم ۋاتسئاپنى ئىشلىتىدىغانلىقنى دىدىم. تېلىفۇنىڭىزدە ۋاتسئاپتا ناماز ئوقۇش توغرىلىق ۋىدىئو باركەن، سىز كۆرۈپسىز دەپ سورىدى. مەن ئۇ ناماز ئەمەس پەقەت دىني نەسىھەت، ئۇ يەردە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان ئىشلار يوق دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ كۆرۈشكە بولمايدىغان ۋىدىئونى كۆرگەنلىكىمنى، قانۇنسىز ئەپنى ئىشلەتكەنلىكىمنى ئېيتتى.

5. مېنى شۇ كۈنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ باردى. مەن ئۇ يەرگە بارغان ۋاقىت چۈشتىن كېيىن 3-4 لەر بولغان ۋاقىت ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار مېنى دوختۇرلارغا بەدەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن پۇت-قولۇم كىشەنلەنگەن ۋە بىشىمغا قارا خالتا كىيگۈزۈلگەن ئىدى. يېنىمدا 2 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار مېنىڭ قان بېسىم ۋە يۈرەك سوقۇش دىگەندەك نەرسىلەرنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن مېنى پۇت-قولۇم كىشەنلەنگەن ھالدا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ باردى. تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا جەمى 98 كۈن ياتتىم. كىرگەن ۋاقتىمدا ئېغىرلىقىم 98 كىلوگىرام ئىدىم، چىققان ۋاقتىمدا 71 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدىم. كۈندە بىر ۋاق تاماق بىرەتتى، تاماققا تويمىدىم يەنە بەر دىسەك، ساقچىلار كېلىپ بىزنى ئۇراتتى. ئۇ يەردە 2017 - يىلى 10- ئاينىڭ 14 ياكى 15- كۈنلىرى بىر قېتىم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىدىم، مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتتى. كېيىن ھوشۇمنى يىغسام، مەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا يېتىپتىمەن. مېنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغان كىشىنىڭ ئىسمى تاھىرجان بولۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ 2- باشلىقى ئىكەن. مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرىۋەتكەن ئادەم ماقاي ئىسىملىك بىر قىرغىز ساقچى بولۇپ، شۇ كۈنى دۆجورنى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىكەن. دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەلسەم، تاھىر دىگەن كىشى يەنىمدا تۇرۇپتۇ. قولۇمغا 3-4 خىل ئوكۇل ئېسىپ قويغان بولۇپ ئېنىرگىيە تولۇقلايدىغان ئوكۇل ئىكەن. چۈنكى مەن ئايلىنىپ كەتكەن ۋاقتىمدا ئېنىرگىيە بەك چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن.

6. كېيىن 11- ئاينىڭ 23 – كۈنى، بىزنى لاگىرغا ئېلىپ باردى. مەن بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن لاگىرغا بىللە بارغان شوھرەت ۋە دىلشات ددپ يەنە ئىككى ئۇيغۇر بالا بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بىزنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى (تۇرمە) دىن لاگىرغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان بولۇپ، بىز بىلەن بىرگە 22 ئادەم بىللە بارغان ئىدى. ئۇلاردىن ئېسىمدە قالغانلارنىڭ ئىسىملىرى: ئالىمجان، شوھرەت، ئابدۇرىشىت، تۇرسۇن مەمەت، تۇرسۇن نىياز ۋە مەمەت. ئۇ يەردە ئۇيغۇر كىشىلەر كۆپ ئىدى. ئۇندىن باشقا تۇڭگان ئادەملەرمۇ بار بولۇپ ئىسىملىرى: ما ۋەنخې، ما جاۋجىك، ما جاۋخۇي، ما جىڭۋې، جاۋ چىڭسەي. 7 كىشىلىك ئادەم ئۇخلاشقا بولىدىغان ئورۇندا 42 ئادەم تۇراتتۇق. 10 نەچچە ئادەم نۆۋەت بىلەن كۈزەتچىلىك قىلاتتۇق. ھەر 2 سائەتتە بىر نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاش ئورنىدا ئالمىشىپ تۇراتتۇق؛ بولمىسا ئورۇن يوق ئىدى. بىزنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى ئېپادىمىز ياخشى بولغاچقا، بىزنى 22 ئادەمنى لاگىرغا بېرىشقا تەستىقلىغانلىقنى ئېيتتى. لاگىرغا ماڭغان ماشىنىدا ھەر بىرىمىزنىڭ يېنىدا 2 دىن ساقچى ئولتۇرغان ئىدى. بېشىمىزدا قارا خالتا، پۇت- قولىمىز كىشەنلەنگەن ھالدا لاگىرغا ئېلىپ ماڭغان ئىدى. 11- ئاينىڭ 23- كۈنى، لاگىرغا كىرگەندە ھەممىمىزنى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغاندا ئاندىن بېشىمىزدىكى خالتىلارنى ۋە كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلىدى. تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا كىيگەن سېرىق كىيىملەرنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئاتا- ئانام ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى كىيىشكە رۇخسەت بەردى. چۈنكى مەن بېرىشتىن 1-2 كۈن بۇرۇن، ئائىلەمدىكىلەرگە بالىڭىزغا بېرىدىغان كىيىملىرىڭىزنى بېرىڭ، ئېپادىسى ياخشى بولغاچ تەربىيەلەش ئورنىغا كېلىدۇ دەپ ئەيتىپ قويغان ئىكەن. ئۇ يەرگە كىرگەندە، ھەر بىرىمىزگە بىردىن داس، لوڭگە ۋە ساپما كەش بەردى. مېنى 2- قەۋەت 8- ياتاققا

ئورۇنلاشتۇردى. مېنى ئىككى تەرىپىمدىن 2 ساقچى يالاپ ماڭغان بولۇپ پۇت- قولۇمدىكى كىشەنلەرنى ئېلىۋەتكەن ئىدى. 98 كۈن ئالمىغان كىشەننى شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم ئېلىۋەتكەن ئىدى. 2- قەۋەتتە تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيلەر بار بولۇپ، ساقچىلار قولىدا كونۇپكىسنى باسسا ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلىدىغان ئىشىكلەر ئىدى. 3 تۆمۈر ئىشىكتىن كېيىن، مەن تۇرىدىغان ئۆيگە كىردۇق. 8- ياتاقتېكى ئىشىكتە 3 قۇلۇپ بار بولۇپ، ئۈستىدىكىسى زەنجىرلىك، ئوتتۇرىسىدىكى چوك، ئاستىدىكىسى ئاپتوماتىك تاقىلىدىغان قۇلۇپلار ئىكەن. بۇ ياتاقنىڭ پەقەت كىچىك بىر دەرىجىسى بار بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى ئاران كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆيدە 8 كارىۋات بار بولۇپ، مەن كىرگەندە، بۇ ئۆيدە تۇرغۇن ئىسىملىك ئۇيغۇر ۋە يەنە بىر ئىسمىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇر بالا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە لاگېرغا يېڭىدىن كېلىۋاتقانلار كۆپىيىپ بېرىپتۇ. بۇ لاگېر ئەسلىدە بىر ساناتورىيە بولۇپ، ئۇ تارباغاتاينىڭ سىرتىدىكى بىر يول بويىدا، يېنىدا بىر هاراق زاۋۇتى بار. 8 - نومۇرلۇق ئۆيدە ياتتىم. بۇ يەردە تاماق بىراز ياخشى بولۇپ ئەتىگەندە سالاد بىلەن خىتاينىڭ 2 تال مومىسىنى بېرىدىكەن. قوساقمۇ تويىدىكەن. تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا سېلىشتۇرغاندا شارائىتى بىراز ياخشى بولغاچ، بۇيەرگە كەلگەندە بىر ئاز خوشال بولدۇم. بۇ يەرگە كىرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بىزنى مەكتەپتە ئوقۇيسىلەر دىدى.

7. بۇ يەردىكى مەكتەپ 100 دەك ئادەم سىغىدىغان بىر زال بولۇپ ئۇيغۇر، تۇڭگان، قازاق ۋە قىرغىزلار بار ئىدى. كېيىن، 3- ئايلار مەزگىلى، بىزنى مىللەت تەركىبى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلدى. 2018- يىلى 3- ئاينىڭ 17- كۈنى، توساتتىن مېنى تۈرمىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغانلىقنى ئېيتتى. بۇ يەردە ئاساسلىق، خىتاي تىلى، سىياسىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنەتتۇق. ئاساسلىق قىلىپ خىتاينىڭ شىنجاڭنى قانداق ئازاد قىلغانلىقى، مەسىلەن تارباغاتاينىڭ بۇرۇنقى تارىخى، هازىرقى ئەھۋالى دىگەندەك. ئۇندىن باشقا قىزىل ناخشىلارنى، مەسىلەن، كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جوڭگو بولمايتتى دىگىنەدەكلەرنى ئەيتقۇزاتتى. دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى. 2018- يىلى 3- ئاينىڭ 17- كۈنى توساتتىن مېنى تۈرمىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئۇلار مېنى ئايالىم ۋە باللىرىمغا تېلفۇن قىلىشمىنى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشىنى سورىدى. ئەگەر ئۇلار كەلمىسە سىز تۈرمىدە ياتىسىز دىدى. مەن ئۇلارغا ئايالىم ۋە باللىرىمنىڭ ئالىلقاچان قازاقىستان پۇخراسى بولۇپ بولغانلىقنى ۋە كېلەلمەيدىغانلىقنى ئېيتتىم. ئۇنداقتا سىزنى تۈرمىگە قايتا ئېلىپ بارىمىز؛ چۈنكى سىز بۇ يەردە ياخشى تەربىيە ئالماپسىز دىدى. مەن ئىختىيارىڭ، مەن پەرۋا قىلمايمەن، مەن نەدە تۇرسام بەرىبىر ئوخشاش دىدىم.

8. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى 3- ئاينىڭ 17- كۈنى تۈرمىگە يەنە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار مېنى، مەن بۇرۇن تۇرغان تۈرمە ئەمەس يېڭى سالغان يەنە بىر تۈرمىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ تۈرمە تارباغاتاينىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، بەك چوك ئىكەن. مېنى ئېلىپ كىرگەن تۈرمىدە 10 ياتاق بار بولۇپ، بىر ياتاقتا 40 دەك ئادەم سىغىدىغان بولۇپ، 40 كارىۋات 3 قەۋەت قىلىپ جايلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ ياتاقلاردا ئۇيغۇر، تۇڭگان ۋە قازاقلار ئارىلاش تۇرىدىكەن. ئوبۇرنى مۇشۇ ياتاقنىڭ ئىچىدە ئىكەن. بۇرۇن تۇرغان تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ تۈرمىنىڭ باشلىقى پەن شىڭمىن ئىسىملىك بىر خىتاي ئىكەن. مەنى 20- ياتاققا ئېلىپ بىرىشنى ئەيتقان ئىدى؛ ئۇ يەردە بۇرۇنقى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا مەن بىلەن بىللە ياتقان ئۇيغۇر باللار ھەممىسى شۇ يەردە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: شوھرەت، قۇربانجان، ئالىم، ئابدۇرىشىت. مەن ئۇلاردىن سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەرغۇ دىسەم، ئۇلار بۇ يەر بۇرۇنقى يەردىن ياخشى ئىكەن، دەرىس ئوقۇماي تاماق يەپ ياتىمىز دىيىشتى. نەچچە كۈن بىللە پاراڭلاشتۇق. كېيىن ئۇ يەردىمۇ ئوقۇيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى. مەكتەپ ئوقۇش سەۋىيەرىمىزگە قاراپ ئۈلتۈرۈپ سىنىپلارغا بۆلدى. مەسىلەن، ئادەتتىكى باشقۇرىلىدىغان سىنىپ، كۈچلۈك باشقۇرۇلىدىغان سىنىپ ۋە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان سىنىپ دىگەندەك. مەن ۋە مېنىڭ ياتىقىمدىكىلەر ئادەتتىكى سىنىپقا تەخسىم بولدۇق. ئۇيغۇرلار كۈچلۈك سىنىپقا بۆلۈندى. بىر ياتاقتا ياتقان ئادەم كۈندە ئىككى قېتىم ئوقۇيمىز. ئوقۇيدىغان يېرىمىز تور سىم بىلەن قورشالغان چوك زال بولۇپ مۇئەللىم تورنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ دەرس ئۆتىدۇ. دەرىس، خىتاي تىلىدا ئۆتۈلىدۇ؛ خىتاي تىلنى ئۆگىنىمىز. بىز خىتايچە سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇپ ئۆزىمىزنى خىتايچە تونۇشتۇرىمىز. 4- ئاينىڭ 17-كۈنى، مېنى پەن شىڭمىن

دىگەن خىتاي (تۇرمە باشلىقى)، مېنى سۇغا چۈشۈرىدىغان زالغا ئاپىرىڭلار دەپ چاقىردى. مەن بىلەن تۇردىبەگ دەپ يەنە بىر قازاق بالىنىمۇ چاقىردى. ئۇ بالا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاشىل دىگەن يېزىنىڭ مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان ئىكەن. پان شىڭمىن دىگەن خىتاي دىدى، سىلەرنى بۈگۈن لاگىرغا ئېلىپ بارىمىز، يۇقۇرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. سىلەرنىڭ ئايال ۋە بالىلىرىڭلار قازاقىستاندا ئىكەن، شۇڭا قازاقىستانغا كېتىشكە تەييارمۇ دەپ سورىدى. ئەلۋەتتە بىز تەييار؛ ئەگەر قويۇپ بەرسەڭلار بىز قازاقىستانغا قايتىپ كىتىمىز دىدىم. پان شىڭمىن يەنە دىدى، تۇردىبەگنىڭ ئايالىمۇ قازاقىستاندا ئىكەن؛ بىز بۇنى ئېنىقلاپ چىقتۇق؛ شۇڭا سىلەر ئاۋال لاگىرغا بارسىلەر دەپ، توپ توغرا بىر ئايدىن كېيىن بىزنى يەنە لاگىرغا ئېلىپ كەلدى. لاگىرغا ئېلىپ كەلگەندە، يەنە ئوخشاش پۇت-قولىمىزدا كىشەن، بېشىمىزدا قارا خالتا كىيگۈزۈلگەن ئىدى. لاگىرنىڭ 3- قەۋەت 7- نومۇرلۇق ئۆيگە ئېلىپ باردى، ئۇ يەردە بىر ئۆيدە 8 كارىۋات بار بولۇپ، بىر كارىۋاتتا بىردىن ئادەم ياتىدىكەن. مەن بۇ ئادەملەرنى تونۇمايدىكەنمەن، ھەممىسى دىگۈدەك قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتكەن ئادەملەر ئىكەن. مەن بۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتكەنلەرنى قويۇپ بېرىدىغان بىر ياخشى خەۋەر كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بىز ھەپتە ساقلىدۇق، 10 كۈن ساقلىدۇق، ھىچ بىر خەۋەر يوق ئىدى. بىزنى يەنە داۋاملىق ئوقۇيدىغان بولدۇڭلار دىدى ۋە يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇق. 2018- يىلى 9- ئاينىڭ 3-كۈنى، مەندىن قازاقىستانغا كىتەمسىز دەپ سورىدى. مەن كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار مېنى سىز ياخشى ئوقۇماپسىز دەپ يەنە بۇرۇنقى يېڭى تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. مەن قايتىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى مېنى ئەمدى چىقىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان ئادەملەر، مېنى كۆرۈپ يەنە ھەيران قالدى. مەن ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ يەردە يەنە بۇرۇنقىدەك ئوقۇشقا باشلىدۇق. يەنە بۇرۇنقىدەك نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتۇق، قىزىل ناخشىلارنى ئېيتاتتۇق.

9. كېيىن 11- ئاينىڭ 23- كۈنى تۈرمىدە بىر سوت ئېچىلدى. بۇنىڭدا ناماز ئوقۇغانلار، قۇرئان ساتقانلار ۋە ئەرىز قىلغان ئادەملەر بولۇپ، بۇلار تۈرمىدە قالدىغان، باشقىلار لاگىرغا كىتىدىغان بولدى. مېنىڭ ئىسمىم بۇ سوتتا ئوقۇلمىدى ۋە مېنى لاگىرغا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. لاگىرغا ئېلىپ كەلگەندە، مېنى 2- قەۋەتنىڭ 5- ياتاققا ئېلىپ كەلدى. لاگىردىكىلەر مېنى كۆرۈپ ئىمىشكە مېنى بۇنداق ئۇياق- بۇياققا ئېلىپ ماڭدىغانلىقىنى سورىدى. مەن ئويلىدىم ئەمدى مېنى قويۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ. ئاڭلىسام بۇ لاگىردا خىتايلار 4 زاۋۇت ئېچىپتۇ. ئۇلار، ماشىنا ياسايدىغان، كىيىم-كىچەك تىكىدىغان، يىمەك-ئىچمەك ياسايدىغان ۋە نان ياقىدىغان زاۋۇتلار ئىكەن. بىزگە 2 يۇرۇش كېيىم بېرىدىكەن ۋە مۇشۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىكەنمىز، لېكىن ئەمدى ئوقۇمايدىكەنمىز دەپ ئاڭلىدىم. تاماق يېيىشنىڭ ئالدىدا قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىمىز، ئەگەر ئېيتمىساق تاماق بەرمەيدۇ. مەن كېيىم تىكىشنى ئۆگىنەي دەپ شۇنى تاللىدىم ۋە 3 كۈن ئۆگەندىم. كىيىم تىكىش ماشىنىسى ياپۇننىڭ ئېلېكتىرلىق ماشىنىسى بولۇپ پۇتىمىزدا دەسسەپ تۇرساق ماڭىدۇ، يىپنى تىكىش ئارىلىقىنى يۇقۇرى، ئوتتۇرال ۋە تۆۋەن دەپ 3 خىل ئارىلىقتا تەڭشىگىلى بولىدۇ. دەسلەپتە بەلگە تاقايدىغان تاسما ياسىدۇق. ئەگەر يىپنى مايماق تىكىپ قويساق، ئۇنى تۈز تىكىشنى دەپ قايتا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى نەچچە قېتىم سىناق قىلىپ ئاخىرى ياخشى قىلىشنى ئۆگىنىپ كەتتۇق. كېيىنرەك باشقا كىيملەرنى تىكتۇق. مەسىلەن، مەكتەپ فورمىسى، رىمونتچى كىيىملىرى، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلار كىيىملىرى دىگەندەك. مەن بىر ئايدەك مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلدىم. زاۋۇتتا ئىشلىگەن ۋاقىتتا تاماقلىرىمىز بىراز ياخشى بولدى. كىيىملەرنىڭ ماركىسىنى بىزگە كۆرسەتمەيتتى. كىيىملەرنىڭ ماركىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى چاپلايتتى. بىر قېتىم بىر ماركىنى بىزگە كۆرسىتىپ قالدى، ئۇ خىتاينىڭ نەنخاڭ (جەنۇبى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى) ئىشلىتىدىغان كىچىك لۆڭگە ئىدى. كېيىن بىزگە بۇ ماركا خاتا بولۇپ قاپتۇ دەپ ھەممىسىنى سۆكۈپ ئالدۇرۇۋەتتى. ئاندىن بىزگە بۇ ئىشلارنى باشقا ھەرقانداق يەردە ئېيتىشقا بولمايدۇ دەپ بىر كۈن يىغىن ئاچتى. بىز ئىشلەۋاتقاندا بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كامىرالار بار ئىدى. ئۇندىن كېيىن ھېچقانداق ماركىلارنى كۆرمىدۇق. بىز ئىشتاننىڭ تاسمىسىنى ئىشلىگەندىن باشقا ئىشتان تىكەتتۇق. بىرىمىز يانچۇقنى يەنى بىرىمىز كەينىنى دىگەندەك ئوخشىمىغان پارچىلىرىنى تىكەتتۇق.

10. [ئۇتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە قانچە سائەت ئىشلەيسىز؟ ئەگەر توغرا بولسا، قىلغان ئىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە ھېچقانداق ھەق بېرىلمىگەنلىكنى بايان قىلىڭ.]

11. كېيىن مەن ئىشتان تىكىۋاتقان ۋاقىتتا، 2018- يىلى 12- ئاينىڭ 23- كۈنى چۈشتىن كېيىن، مېنىڭ ئىسمىمنى زاۋۇتنىڭ ئاۋاز ياڭراتقۇسىدا چاقىربىلدى. 147- ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەرباقىت ئوتارباي دەرھال ئۆزەڭنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاييار بول دېدى ۋە دەرھال 2 ساقچى كېلىپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. ماڭا قوشۇپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئادەملەر بولۇپ 10 نەچچە ئادەمنى بىراق ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى دادىسى خىتاي ئاپىسى روس، يۇجيەن ئىسىملىك بىر كىشى، يەنە بىرى خوجارخان ئىسىملىك قازاق ئادەم، يەنە بىرى سەيدۇللا ئىسىملىك ئادەم بىلەن ئايالى ۋە قىزى جەمى 3 كىشى. ئۇندىن باشقا ئىسىملىرىنى ئۇنتۇپ قالغان باشقا ئادەملەر بولۇپ جەمى 10 دىن ئارتۇق ئادەملەر ئىدى. ئۇ كۈنى بىزنى دەرھال قويۇۋەتمىدى، بەلكى مەھەللە باشقۇرۇش (شېچۈ گۆەنلى) نىڭ ئادەملىرى كېلىپ ھوججەتلەرگە قول قويۇپ، ئاندىن بىزنى ئېلىپ كېتىدىكەن. مەن تۇرۇشلۇق مەھەللە، خېپىڭچۇدىن بىر ئەر بىر ئايال كەلگەن ئىدى. ئۇ كۈنى كەچ سائەت 2-3 بولۇپ، بەك كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. مېنى ئاۋال 3- قەۋەتتىكى ئۆيىڭىزدە ئارام ئېلىڭ، قالغان ئىشلارنى ئەتە قىلايلى دېدى. ئۇنجى قېتىم تۆمۈر توساقلىق دەرىجىسى يوق ئۆيگە كىرگەن بولغاچقىمۇ خوشاللىقتىن بىر كېچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىگەندە كۈن چىققاندا خوشاللىقتا سىرتقا چىقتىم. مەھەللە باشقۇرۇشنىڭ ئادىمى كېلىپ دېدى، سىز سىرتقا بىر يەرلەرگە بارسىڭىز بىزدىن سورايسىز، بىزدىن بىر ئادەم سىز بىلەن بىرگە بېرىشى كېرەك، ھەممە ئىشتا سىز بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك دېدى. گەرچە مەن ئۆيۈمدە قاماقتا تۇرغان بولساممۇ، سىرتقا چىقالايدىغان بولغىنىمدىن كۆپ خوشال ئىدىم. چۈنكى بازارلارغا چىقىپ نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ كىرەلەيتتىم.

12. 2019 - يىلى 5- ئاينىڭ 22- كۈنى، جىنايى ئىشلار ساقچىخانىسىدىن بىر ساقچى كەلدى. سىز پاسسپورتىڭىزنى ۋە يېشىل كارتىڭىزنى ئېلىپ قازاقىستانغا كەتسىڭىز بولىدۇ، ئەتە بىر ساقچى كېلىپ سىزنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن چېگرىغا ئاپىرىپ قويىدۇ دېدى. 2019- يىلى 5- ئاينىڭ 23-كۈنى ساقچىلار مەن بىلەن لاگىردا بىللە تۇرغان يەنە 2 ئايال كىشى، بىرىنىڭ ئىسمى باقىت يەنە بىرى سەلتەنەت، ھەر ئىككىسى مۇئەللىم بولغان كىشىلەرنى ماشىنا بىلەن چېگراغا ئېلىپ كەلدى. چېگرىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، شۇ كۈنى قازاقىستانغا ئۆتتۇق.

13. ماڭا نەچچە قېتىم جازا بېرىلدى. چۈنكى مەن نېمە ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىمنى بىلمىگەچكە، نەچچە قېتىم گەپ تالاشتىم، نەچچە قېتىم توك كالتەك بىلەن تاياق يېدىم. بېشىمدا، يۈزۈمدە ۋە قوللۇرۇمدا تاتۇقلار بار. ئەلۋەتتە مېنى تاياق بىلەن جازالىدى. جازالانغان ۋاقىتتا تاماق بەرمەيدۇ ياكى بەك ئاز بېرىدۇ. مەسىلەن بىر مومىنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ. سۇ بەرمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا بەزىدە ئۇبۇرنىنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدۇق. چۈنكى ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. تاياق يەپ ئايلىنىپ كەتكەندە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدىم. بۇ مەزگىلدە سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ ئوپېراتسىيە بولدۇم. تاياق ۋە جازا تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر بار. قوسۇن دەپ بىز قازاق كىشى تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتتى. مېنى قويۇپ بەرگەندە، بۇ يەردە بولغان، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىشلارنى ھېچكىمگە دىمەسلىك ھەققىدە ھۆججەتلەرگە قول قويدۇردى. ئەگەر باشقىلارغا دىسەڭ ئاتا- ئانام، ھەددەم ۋە باشقا تۇققانلىرىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويۇشۇمنى سورىدى. ئاتا- ئانامغا تېلفۇن قىلسام ئۇلار مېنى ھېچنىمە دىمەسلىكنى سورايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا پاسسپورت بېرىلمەيدۇ ۋە مېنىڭ يېنىمغا كىلەلمەيدۇ. مەن بۇ ياققا (قازاقىستانغا) كېلىپ يۇتۇب ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ئاشكارە قىلغانلىقىم ئۈچۈن ھازىر ئۇلار ئائىلەمدىكىلەرگە بۇنى خەۋەر قىپتۇ. ھازىر ئۆيدىكىلەرگە (ئاتا- ئانامغا) تېلفۇن قىلسام، ئۇلار تېلفۇننى ئالمايدۇ. پەقەت دوستلىرىمدىن ئاتا- ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرالايمەن. ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئەھۋاللارنى، ۋاقىراپ-جارقىرىغان، يىغلىغان ئاۋازلىرنى ئاڭلىدىم. لېكىن ئۇلارنى ئاياق- ئاستى قىلغان ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ يەردە ھېچقانداق ياخشى ئىشلارنى كۆرمىدىم. مەن سوتنىڭ ئالدىدا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىشقا مەن تەييار.

مەن بۇ گۇۋاھلىق باياناتىنى ئوقۇدۇم ۋە چۈشەندىم، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈردۈم. بۇ بايانات ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنىپ، توردا كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەمىنلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا: [illegible]

چېسلا: 2021 - يىلى 8 - ئاي 23 كۈنى.